# منا خدانینک قوزیسی دنیانینک

# کناهی‌نی کوتارکوچی

(انجیل یوحنا ۱ : ۲۹.)

بر چونک پیغمبر یعنی تعمید برکوچی یحیی بو سوزنی ایتیب دور. خدا بنی‌اسرائیل‌غه کناه‌نینک کفارتی اوچون قربانلیق قیلماق‌نی بیوروب ایردی. همه خلق قربانلیق قوزیسی‌نی کورکان و معنی‌سی‌نی روشن بیلدیلار. اوشبو همه قربانلیق‌لار بریلادورغان کامل قربانلیق‌نینک نمونه‌سی ایردی. یحیی پیغمبر حضرت عیسی‌نی کوروب ایتّی: منا خدانینک قوزیسی. عیسی مسیح‌نی قوزی دیکان برله انینک قربانلیق بولادورغانی معلوم بولدی وخدانینک قوزیسی دیکانی برله خدا اوزی اول قربانلیق‌نی کلتورکانی‌نی معلوم قیلیب دور. خدا هر نمه قیلسه کامل قیلادور بو سببدین عیسی مسیح‌نینک قربانلیق بولوشی همه دنیا خلقی‌نینک کناه‌دین پاک بولادورغانیغه سبب بولدی. ای دوستوم سن اوز کناهینکدین پاک بولادورغان سببی‌نی خدا اوزی مسیح‌ده تعین قیلغان.

کناه‌نینک کفارتی عیسی مسیح‌ده بولغانی هر طریقه‌ده کورساتیلکان. بنی‌اسرائیل مصرنینک قل‌لوقیدا تورغان وقتیدا خدا مصرغه بلآ ایباردی و آخرقی بلآ کلکانده هر اویداکی تونجی توغولغانلار اولدیلار اما خدا بنی‌اسرائیل‌غه بر عیب‌سز قوزینی اولتوروب قانی‌نی ایشیک نینک یان یغاچیغه و توپه یغاچیغه سورکانکلار دیب بیورغان ایردی. و کیچه‌ده اولتورکوچی فرشته چیقیب هر تونجی‌نی اولتورکانده قان سورکاکان اویلارکا کیرمای اوتوب کتّی و اول نشانه‌لار برله اوی‌داکی‌لار بلآدین مصرنینک قل‌لوقیدین قوتولدیلار. اول قوتولوش نینک ایشی‌نی یاد قیلماق اوچون بنی‌اسرائیل هر یلدا فصح عید قیلیب بر عیب سز قوزینی اولتوردیلار. پولوس قورونتوسلوق‌لارغه پتوکان خطدا (۵ : ۷.) ایتیب دور. فصح قوزی سی مسیح هم بیزنینک اوچون قربان قیلیندی. بنی‌اسرائیل چولده بر وقت سفر قیلغاندا زهرلیک یلانلار اولارنی چاقتی و تولا خلق مونینکدین اولدیلار. اول وقت موسی علیه‌السلام خدانینک بیوروقی برله

ميسدين بر يلان صورتينى قيلدوروب بر مومونغه اسيب قويدى. و هر كيم اول يلان صورتيغه قايلاسه تيريك قالدى. انينك بارەسيدە انجيل يوحناده (٣: ١٤ — ١٥) يتولوب دور. موسى بيابانده يلان‌نى كوتاركانديك ابن‌الانسان نينك كوتاريلماكى كيراك‌دور تاكه هر كيم انكا ايشانسه انينك ابدى تيريكلكى بولغاى. عيسى‌مسيح دارغه تارتيليب اولكانده اول سوز بجا كلدى.

اى دوستوم ابدى تيريكلك‌نينك يولى بو سوز برله روشن‌دور. عيسى‌مسيح نينك قربانليقى سنينك اوچون بولغانيغه ايشانيب روحانى كوزلارينك برله انكا قايلاسانك كناەدين و روحانى اولومدين قوتولور سن.

مكاشفات يوحناى لاهوتى‌نينك كتابيده يتولوب دور كه خدانينك تختى‌نينك الديدا تورغانلار خدانينك قوزيسى بارەسيدا بر شعر اوقوب ايتّى؛ سن بوغوزلانيب اوز قانينك برله هر قبيله هر تيل هر قوم و هر ملت‌دين آدم‌لار ساتيب الدينك.

بو سوزنى انكلاغوچيلار و اوقوغوچيلارغه آخردا قوتولغان كروەنينك اراسيدا بولغالى ممكن دور.

S. M. F. Kashgar. 1931.